# كۈرەش

سان 8-9

باھاسى : 300 دوللار

بو سانده:


1 : 3 - سينتەبر - شرقديكى فاشيزم اوچيغينىڭ تارمار بولغان كونى 1
2 . بوقالسون شرقى توركستاندا ريئاكسيئون كوچلەر. كبر ئياز 4
3 . واقت ، احوالنى ياخشى توشوب چيقش بلەن آلغا!.. تەيدوك 12
4 : بەيتيك بوغدا واقعەسى حقيدە .................. 23
5 . 8 - سنتەبر — — — — — — — — د. تورەخمەتوف 27
6 . وطن قربانلرى — — — — — — — — القم اختم 29
7 . ايككى بارمغم بلەن — — — — — — — ذ. قاديرى 33
8 . جاشم جان (حكايه) — — — — — — — د. تورەخمەتوف 35



№8 - 9(19 - 20)
1947 - ميلادى
آوغوست — سنتبر

كورەش

سان ٨ — ٩ (١٩ — ٢٠)
هجريه — ١٣٦٦
شوال — ذالقعده


# 3 - سنتابر - شرقديكى فاشيزم اوچيغينىڭ تارمار بولغان كونى

موسولينى فاشيزمنى قيدا قليب . دونياغا اوت ييقشقا كريشيش بلەنلا اونوڭ اونيني پودەب يورگەنلەر ايچيدين گيتلەرلر وە ياپون اوروشقاقلريدەك شاگردلار اوستازيدين قالشماي فاشيزم يوليغا توشدى .

ياپون جهانگيرليگى برنچى دونيا سوقوشيدا مستەملكە وە اولجيغا ايگە بولالماي قالغان نفسيني تويدوروش ، قطعەچيلك سياستيني يعنى بالدور آزيياغا آندين بوتون دونياغا ايگە بولوش ديگەن زهرلك قصديني عملگە آشوروش اوچون خلق آرقانونيني بوزوپلا 1931 - يل 18 — سنتابردە مانجورييەنى بيسيپ اليپ ، غاجرلاشقا باشلىدى . 1937 - يل 7 - ايپولدا يەر ، سو ، هاوادىكى بوتون حربى كوچيني قوزغاپ ، خطايغا كەڭ كولەملك باسقونچيلقا اوتدى . خطايدىكى آزادلق پەرور كيشيلەر هەرخل قارا بوز نسلەچيلەرگە زادى يول قويماي آزادلق كورەشكە آتلاندى ؛ خطايدىكى بوتون ايزيلگوچى خلقلارمو غضب بلەن تەورەپ قوشولدى . حتا گومندان پارتيەسى هم گومينداڭ پارتيەسى بلەن برلكدە خطاى خلقينىڭ آزادلق سوقوشيني داواملاشتوروشقا مجبور بولدى . لكن ياپون فاشيستلرى باسقونچليقيني پەسلەتمەي ، يارغانسيرى شدتلك قرغنچلقا كرشدى . اونوڭ دوستى ايتاليه گرمانيه فاشيستلرى بلەن قول قوشوپ ، اولارنىڭ دونياغا ياققان اوتلريني شرقدە توروب تيخيمو اولغايتيشقا كرشيدى ؛ آمريكا ، انگليه ، فرانسيه وە باشقا جهانگيرلارنىڭ خطاى ، اولوغ اوكيان وە هندى اوكياندىكى منفعت دائرەلرينيمو اوروش اوتينىڭ آستيغا اليب ، اولارنىڭ منفعتلريني تمام قولغا ايلشقا باشلىدى . باسقونچلق نفسى جوگوپ ، يارغانسيرى كوپيوپ ، دونيا جهانگيرلريني اوزيگە ئارتيش مقصديدە ز « كاموننوربين » گە قارشى دەپ واقيراپ ، مانغولييە جمهورييەتيگەمنا سوويت چگراسيغيمو هجوم قلدى ، ليكن بو واقعە اوزى بورە كيگە ايدين قخشتقوچ سوقغيني يەپ ، سوكيغا اولتادى . برقوليدا يوريكيني اووجلاپ ، بر قوليدا كوزيني اوگيلاپ چيكمگەنيچە ، خطاى وە اولوغ اوكيانلارغا ياققان اوتيني تيخيمو جان آچچيقى بلەن اولغايتيپ ، آزييا وە بوتون جهان تنچلقيني بوزوشقا كريشدى .

ياوروپادا قالقيغا كەلسەك ، گرمانيە فاشيستلريمو ، خلق آرقانونيغا بوز اوروپلا برنيچە كيچيك دولتلرني يوتوپ ، 1939 - يلي پولشاغا هجوم قلدى . ياوروپا اوروشى باشلاندى . يوروشدا گيتلر «چقنماق » صفتيدە غالبيت قازانغاندين كيين

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سوويت گرمان آرىسىدىكى هجوم قلشماسلق شرط نامەسىنى خائنلەرچە بوزوب 41 - يلى 22 - اييوندا اوشتومتونلا سوويت توپراغيغا بيسەپ كردى . شو يىلى 7 — ديكابردا ياپون پاشيستلرىمو چانلىنىب ، انگلىيە ، امريكەلارغا قارشى سوقوشقا رەسمى اوندى . شونك بلەن سوويتلەر اتفاقى بلەن مركزلەشكەن باسقونچلققا قارشى صفءورەسىدا پشب غرب وە شرق باسقونچيلارىغا قارشى عمومى آزادلق كورەش اوچ آلدى . 2 - دونيا اوروشى اوچيغا چقب برنەچچە يل دونيادا مثلى كورولمەگەن شدتلك قان توكولوشلەر بولدى . لكن دونيا خلقىنىڭ حقانى كوچى آلدىدا پاشيستلارمك برچگى قبلىب بلقسىمو بولالماى حالاكتكە يوزتوتدى .

سوويت قزيل ارميەسى نيمس باسقونچيلرىنى موسكوا بوسوغيسىدين توتوب اورغاندىن نابيرلندىكى گوربيغا ايربى تقىب غالبيتى تزغيننى قاديشى امريكا انگليەلەرنك غربدين هجوم قلبشى نيمس باسقونچيلرىنى 45 — يل 8 — مايدا شرطسز تسلم بولوش آكتيغا قول قويوشقا مجبور قلدى . امدى مسئلە شرقتىكى ياپون باسقونچيلرىنى يوقوتوب ، لويانمو آزادلق توغنى لەپىلدىتشتە قالغان ايدى .

شو چاغ ياپون جهانگرليگىنى يوقوتوشقا آمريكا ، انگليە خناى دولەتلەرى سوويت دولتىنىڭ اشتراك قلىشىنى اوتوندى . سوويت دولتى قبول كوردى . هم شرق خلقى اوستيديكى آفتنى يوقوتوب ، آزيا وە پوتكول جهان تنچلقىنى اورنوتوش مقصەديدە 45 — يل 9 - آوغوستا ياپون جهانگرليگىگە قارشى اوروش اعلان قلدى . شونك بلەن دونيادا كۆپ چقان سوويت قزيل ارميەسى مانجوريەدين هجوم باشلىدى . سوويت ، خناى ، آمريكا وە انگليەلەرنك هجرمى آستيدا بولوپمو قزيل ارميە قولىدا ياپونلارنك ايلك كوچلوك ماقتانغان كانتون ارميەسى بت — چت بولوش بلەن ياپون جهانگرليگى 45 — يل 2 - سنتابردە اتفاقچيلار آلديدا شرطسز تسلم بولوش آكتيغا قول قويدى . نتيجيدە پاشيزمنك شرقتيكى اوگيسىمو تار — مار بولوب ، تاريخدا 3 - سنتابر ياپون پاشيستلارى اوستيدين غلبه قازانغان كون بولوب قالدى .

شونك اوچون 3 — سنتابر تووەندىكيچە اهميتكە ايگە اولوغ كوندور :

3 - سنتابر اتفاقچيلارنك بولوپمو 8 يل ملى آزادلق كورەشيدە پشقان خلقچل آزادلق پرور خناى خلقى بلەن سوويتلەر سايوزىنىڭ چوڭ كوچ چقريشى نتيجسىدە ياپون جهانگرلىگى تار - مار بولغان كوندور .

3 - سنتابر دونيا خلقچل كوچينڭ شرقدە زور غلبه قازانغان كونيدور ؛

3 - سنتابر خناىدىكى ايزلگوچيلەرنك مانجوريە وە بر قانچە يەردە حقيقى آزادلققا ايگە بولشيغا ايشنك ايچلغان كوندور .

3 - سنتابر پاشيزمنك شرقتيكى اوگوسى بت - چت بولوب ، شرق وە دونيا تنچلقيغا بر آساس سېلنغان كوندور .

3 - سنتابر سوويتلەر اتفاقىنىڭ آزياديكى ايزيلگوچى خلقلەرنك آزادلقى وە پەلكى بوتون دونيا تنچلقى اوچون



ئەزەلدين غەم يەپ ، حقيقى كوچ چقارغوچى دولت ايكەنليگىنى شرق خلقى هم دونياغا يەنە بر قتم كورسەتكەن كوندور .

ديمەك 3 - سنتەبر شرق اهالىسىنى 8 يل وەيرانچيلق ، قرغنچلق اوتى ايچيدە قالدورغان ياپون جهانگيرلىگىنىڭ تار - مار بولوب ، يوقاريدەك خاصيەتلەرنى ميدانغا كەلتورگەن كون بولغانلقى بوكوننى برنچىدىن شرق خلقلرى ، بولوپمو ايزلگوچى خطاى خەلقى نهايتى خوشالليق بلەن خاطرلەپ ، اتفاقچيلارغا خصوصا ياپونيەنى تار - مار قلشدا زور كوچ چقارغان سوويتلەر اتفاقيغا علاحيدە منتدارليقنى بلدوريدو .

بوگون قاريغيدەك بولساق ، تار - مار بولغان ياپون جهانگيرليگىنى آميريكا اوز منفعتيگە قارينا يولەب ، اوزينىڭ دونياغا خواجە بولوش زەهەرلىك قصدى اوچون آوچى ايشت اورنيدا اشقا سېلشقا اورونماقدا . يەنە گومينداڭغا نهايت توزغونلىغان پول وە نەيتى كوب عسكەرى كوچ وە حربى ياراق - جابدوقلارنى بيرپ ، حيسابسز ايچكى قان توكولوشلەرنى پەيدا قليب ، خطاى خەلقىنىڭ آزادلىقى اوچون تاريخ كوتورولموسيز جنايتلەرنى قلماقدا . شونىڭ اوچون خطاى خەلقى بوگونكى 3 - سنتەبرنى خاطرليگەن واقتدا چەت جهانگيرلەرنك خطاى توپرىقيغا تجاووز قليب ، سياسى ، اقتصادى وە حربى هجوميغا يول قويغوچى ايچكى مستبدلەرنك خطاى خەلقيغە كەلتورگەن وەيرانچيلىقلرىنى ئەسلەب ، گوميندانڭ عكس الحر كنچلرينك ياپون فاشيستلريدين آران قوتولدوروالغان خطاى وەطنينى آمريكا جهانگيرليكيگە سيتيشيغا اولوم يا كوروم شعارى بلەن قارشى توروب ، اوزلرىنىڭ ملى آزادلىغىنى تيخيمو كوچەيتيدو .

2 — دين بوكوننى بوتون دونيادىكى خەلقچيل نسللەرمو خاطرلەپ ، ياپونيەنى تار - مار قلش بلەن شرق هم بوتون دونيادا تنچلق اورنوتوش يوليدىكى مقصەدنك بوقالماى وجودقا چيقيشينى قوەتلەيدو .

3 — دين بز شرقى توركستان خەلقيمو بوكوننى خاطرلەپ ، اونىڭ اهميتينى ساقلاپ ، شرق خەلقينىڭ آزادلىغى وە دونيا تنچلقىنى كوچەيتش اوچون وطنيميزديكى عكس الحركنچيلەرگە قارشى بولغان كورەشيميزنى تيخيمو كوچلەندورەيمز .

انقلابچل بولداشلار !

دونيادىن ياپون ، گرمان ، ايتاليە فاشيستلرينى تار — مار قليب ، اونىڭ آفتينى تنچلق پرور ئەللەر اوستيدين كوتوروب تاشلاشدا باشلارمو سانسيز قربانلار بيريب ، آوانگاردلىق بلەن تاريخى غلبەلرنى كورسەتتى . شونىڭ اوچون بلوق باشلار 8 — سنتەبر كونينى خاطرلەش بلەن بزنىڭ وطينيميزنىمو عكس الحركنچى قارا كوچلەرگە سيتيب ، وطنداشلريميزنى ابدى خەلق دوشمەنلرى تولىدا خار قليب يوقوتوشقا كورشكەن ئەزگوچى خائين ، بوزوق عنصرلارغا قارشى قاتتق كورەش ايليب بارايلى !

# یوقالسون شرقی تورکستاندا ریئاکسیئون کوچلەر .

كبير نياز

شرقی تورکستان تاغلار بلەن او-
رالغان بولوب ، او هیچ بر مملیکت بلەن
هیچبیر آرتلیق خوشنولیق قلمایدو . شر-
قی شمالی آلتای تاغلاری آرقلیق مڭغو
لیە خەلق جمهوریتی بلەن ، غربی شمال
هەم غرب طرفدین قازاقستان ، قر-
غزستان ، تاجیکستان سوویت جمهوریتلری
بلەن ، آرغینە بەردین آفغانستان بلەن ،
غربی - جنوبی هندستان بلەن ، ج-
نوب طرفی تبت بلەن ، شرق طرفی
چیك‌خەی ، گانسو سکلری بلەن چیگ-
گارالینیدو .

شرقی تورکستاننڭ عمومی یەر
مەیدانی تخمینا 140000 کوادراتنی
کیلومیتر بولوب ، خەلق سانی 5.5
میلیون . خەلقلەرنڭ آساسی ترکچیلیگی
دهقان ، چارویچیلیق بلەن بولوب ، دیه-
قان ، چارواچیلیق اشلری تبخبچیلا کو-
نا اصولدا ایلیب بیریلیدو .

موندین باشقا سودا وە قول صنا-
عت اشلری بلەن مشغول بولیدو . شر-
قی تورکستاندا باغچیلیق ایشی مشهور .
خصوصا جنوبی شرقی تورکستاندا خە-
لقنڭ کوپچولوگینڭ باغچلری بار . هەمە
یەرلریدین یاخشی میویلەر چقیدو . کو-
چار ، توربان ، رایونیدین کوپلەب
قوروق میویلەر گانسوغا ، شو آر-
قیلیق ایچکی خطایغا ایکسپورت قلنیدو .
استبداد خطای حاکیمیتینڭ قانتق اب-
زیشی لەنتجاسیدە شرقی تورکستان
خەلقینڭ تۆلینی کوپچولوگی کەمبەغەل
بولوب ، ایغر کوندە یاشایدو . حتی بر
کونلوك ترکچیلیك احتیاجیغیمو ایگە
امەس مەدیکارلار کوب بولوب ، شەرەو-
شەر اش ایزلەب یوریدو .

شرقی تورکستان او آزیسلار ( وا-
حەلەر ) ، یایلاقلار ، تاغلار ، دریلار ،
هوا کلیمات ، اوسوملوك وە حیوانات ،
یزا خوجولوق ، زراعتچیلیك ، چارویچی-
لیق ، باغچیلیق ، مویچیلیق هنری
جانگال خوجولوقی ، تره صناعت ، تو-
قومیچیلیق صناعتی ، یوك اشلەش صنا
عتلری جهتدین کشینی حیران قالدو-
رارلق دەرجیدە اونوم بیرەلەیدو وە
قیزلما بایلققا بای ، بو یەردە نیفت ، آلتون
کوموش ، تومور ، مس ، کومور ، قورغو-
شون ، سورمە ، تیپیریت ( یشیل رەگدە
یوروق بیریدیغان تاش ) بایلقلری کوب .
لیکین یەردین قیزیب ایلش ایشی یوق
دەرجیدە دیەرلیك .

شرقی تورکستان خەلقی تاریخی جه-
تدین کیینکی واقتلاردا ، بەکمو مشقتلیك
هریانلارنی وە انسانیت تاریخیدا آز اوچرایدی-
غان دهشتلیك کونلرنی باشدین اوتکەزدی
شرقی تورکستان 19 - عصرلرگیچە شو
واقتنڭ وضعیتیگە موافق باشقادولتلرنڭ
قاتاریدا مستقل دولت ایگەلەوب ، زامانی-
نڭ آلدنقی مەدنی خەلقلری ( خصوصا اوی-
غور خەلقی ) حسابلنیب کەلگەن ایدی . دیه-
مەك بز شرقی تورکستان خەلقی یراق اوتمش



دە اوزلریمزنڭ مستقل وە کوچلوك حاکیم-
یتیمزنی تشکیل قلیب ، اوزون زامانلار
دوام قلغان . اوو قتلاردا شرقی تورکستان مد-
نیتی ، ادبیاتی ، موزیکا صنعتی وە باشقا
تموتلری یاڭی دونیاغوبیچە علاحدە شهرت
قازانغان ایدی . براق 1757 - یللاریدین
باشلاپ شرقی تورکستان خەلقی مستقل دو-
لت صفتیدی یوقوتوب ، آستا - آستا اوزمەنی-
تیدین آیریلیشقا وە شرقی تورکستان خلقینڭ
شرقلیك تاریخی ئزلری کومولوشکە باشلای-
دو ؛ لیکین شرقی تورکستان خلقی اوزی-
نڭ آزادلیغی ، مستقللیگی اوچون کورەش-
نی توختاتمیدی . او کورەش هەرخیل کو-
رونوشدە دائیمەن دوام قلیب کەلدی . شر-
قی تورکستان خەلقلرینڭ تاریخی اوز لوك-
سز قانلق کورەش تاریخی بولوب حسابلنیدو .
1765 - یلدیکی اوچ تورپان خەلقلرینڭ قوز-
غولیگی ، 1826 - 1827 - یللاردیکی اوی-
غور خەلقینڭ توزغولیگی ، 1847 - 1857 -
یللاردیکی قەشقەردە کوتورولگەن قوزغو-
لاڭلار اونڭ گەردیلیك اثباتی بولوب ، عمو-
ما کییینکی برنەچچە عصر ایچیدیکی شر-
قی تورکستاندا بولوب اوتکەن سوقوش ، قوز-
غولاڭ ، قانلق نیزاع . حرکتلرنی حسابلی-
غاندا برنەچچە یوزلەب اوزغانلیکینی تاریخ
کورسوتیدو . عموما شرقی تورکستان خل-
قینڭ قلغان قوزغولاڭ وە کورەش حرکتلری-
نڭ مغلوبیتگە اوچریشی وە غلبیگە ایگە
بولالمای یاستوروب قیلیشی وقتلرنیڭ
اتفاقلقنڭ یوقلیغی ، ایچکی دوشمەنلرنڭ
سانقون وطن خائینلرینڭ یوریکیدە وطن
محبتی ، ملی حسی بولمیغان منافقلارنڭ
دوشمەنلرگە سیتیلیشی وە اولارغا کوچ چ-
ریب خدمت قلشیدین بولدی .

مثلا : 1828 - یلیدا مانجورلار آق-
سوغا زور کوچ توپلاب ، قەشقەر اوستیگە
یوروش قلدی . جهانگرخواجەنڭ تاچار قو-
راللانغان هەم انتظامسز عسکرلری توقام
بیرمەلدی . جهانگرخواجە ، محمد دەگەن وطن
سانقوچ برخانین طرفیدین مانجورلارغا-
توتوب بیریلدی . محمد اوزینڭ بوخدمتی اوچون
خونەنگە بەگ بولوب سایلاندی . جهانگیرخوا-
جەنی قەپەزبلەن بجینغا یالیب بیریب
چاتاب اولتوردی .

1847 - 1857 - یللاردا قەش-
قەردە خطای مستبدلریگە قارشی قوزغو-
لاڭ بولوب زور غلبە قازاندی . بوکو-
رەشلەر وطن خائینلری ، سانقون مستبت
خطای پەرەست لەرنڭ خیانتی بلەن مغلوب
بولدی . لیکین بوتوك بەن خلقیمزنڭ
خطای مستبدلریگە قارشی حسیاتی یەنە-
مەی بلکی تیخیمو کوچلەندی .

1864 - یلی بوزروك خان یعقوب
بەگلەر ( بەدولەت ) خطای مستبدلری-
گە قارشی ، چوڭ قوزغولاڭ کوتوروب ،
خطای مستبدلریدن حاکیمیتنی تارتیب
ایلیب ، شرقی تورکستان دولتینی برپا
قلیب ، 14 یل حکوم سوروب ، دونیاغا تا-
تونولغان ایدی . لکن یعقوب بەگنڭ قور-
غان دولیتی ایچکی برلیکنڭ بیتەرلیك
بولالمسلیغی ، قومولنی اشغل قلمیغانلی-
غی هەم دولەتینڭ یقین بر آدیمی خطایغا
سانقون بولوب ، بەدولەتنی سوء قصد بلەن
اولتوریشی شونڭ بلەن بعضی مکاراجنبی
جهانگرلارنڭ خطای مستبدلریگە یاردەم
قلیشی نتیجەسیدە مغلوب بولدی . خود-
دی شونڭدەك 1864 - یلی ایلیدا
بولغان آزادلیق قوزغولاڭیدا احمد خان

www.uyghurkitap.com



خواجە ، شوكت آخون ، توختى آخون
هەم تونگان ياگور آخون وە باشقىلار
نىڭ خەيىنلىق زيياندالىق قىلغانلىقى نە
تيجەسىدە سوقوشنىڭ اوزونغا سوزلوب،
قوزغولاڭچىلارنىڭ قىينچىلىق كورگەنلىگى
هەمەگە معلومدور .

مانا بو يوقاردىقى احواللاردىن شرقى تور كس-
تان خەلقىنىڭ عصرلەردىن بيرى داوام قىليب
كەلگەن كورەشلەرىنىڭ نەتيجەسىزى بولغا
چقىرشدىكى عملى حجتلار دور . بىز
امدى آپريل انقلابى دەورلەرىدە شرقى
تور كستان توپرىقىدا بولوب اوتكەن عكس
لەركتلەرنى قسماً كوروب اوتەيلى .

كيينكى واقتلاردا شرقى تور كستاندا
بولغان واقيعەلەر جهانگير دولەتلەرنىڭ دىقتى
نى جلب قىلدى . شونىڭ بىلەن ياپونيە ،
انگليە ، گرمانيە جهانگيرلەرى شرقى
تور كستانغا اوز تاثيرىنى كرگوزوش
اوچون رقابەت قىلشقا قاتتيق كرشتى . ما
نا اوتجاوزچى جهانگير مملكەتلەرنىڭ شرقى
تور كستانغا اوز تاثيرىنى كرگوزوشكە
حركت قىلغانلىقىنى ، شرقى تور كستان
واقعەلەرى آلدىدىن قەشقەرگە كەلگەن
ياوروپا تللەرىنى بىلىدىغان ديمس شپيتونى
يوسف موزەففەرىنىڭ كليب قەشقەردە اوز
گرور پياسىنى تشكيل قىلىشى ، تورك
سلطانى عبدالمجيد نىڭ ياپونيەدە قىينسبە
ليب ياشىماقدا بولغان اوغلى عبدالكبيرنى
شرقى تور كستانغا سلطان قىليب اعلان قىلىشى ،
انگليزلەرنىڭ خوتەن واقعەسىدىن ياپرلاز
تقچى بولوب قىلغان بوشورون يوەتصدارى ،
1931 - يىلدىن باشلاب خطاى موستەم
لىكچىلەرىگە قارشى خواجە نياز حاجىم رە
ھبرلىگىدە بولغان قومولدىكى اويغور خەلق
قوزغولاڭىنىڭ 1932 — يىلى خطاى
عسكرىنى قوغلاب توربانغا كەلگەن واقتىدا يا
پون جهانگيرلىگى خطايلارغا قارشى كو
تورولگەن بو قوزغولاڭنى اوز فائيدىسىغا
اشلاتىش وە شونىڭ بىلەن بالله اويغور خەلق
دولقونىنى اوز رهبرلىگىگە ايطاعت قىلدو
روش مقصدىدە باش تونگان گينرالى
ماجوڭ ييڭنى گەنسو اولكىسىدە بولغان
تونگانلار قوزغولاڭىغا اشتراك ئەتكەن
ئەترەتلەرى بىلەن ئەوەتيشى شرقى تور كس-
تان خەلقىنى نەچچە طرفلەب عذاب —
عقوبتلەرگە ، خانە - وەيرانچىلقلارغا سپلاش
نىڭ چارىلەرى ايكەنلىگىنى كورسوتىدو .

ديمەك شرقى تور كستاننى خطاى موستە
ملكچيلەرى حدىدىن تاشقرى ايزيشىدىن
باشقا انگليز ، ياپون ، نيميس جهانگير
لەرى بيقىندىن بيرى آميريكا جهانگيرلەرى
ظلوم چانگاللىغا ايلشقا اورونوب كەلدى .

ايزيلش ، ظلوم ، حقارەتنىڭ خلق
اوستىدە رحيمسيز حالدا حكوم سوروشى
گە چيدالماى 1931 — يىلى خواجەم
نياز حاجىم رهبرلىگىدە قوزغالغان قومول
خەلق قوزغولاڭىنىڭ نەتيجەسىدە 1933 -
يىلى ياڭ - جىڭ استبداد حاكميتى آغدو
رولغان بولسىمو ، ظالم شىڭ شى سەي
خەلققە تولوق ئەركىنلىك بيرشكە وعدە
قىليب ، 1933 — يىلى 8 توراولىك ديك
لا رانسيە سىنى ( خطابنامەسىنى ) اعلان
قىليب حاكميت اوستىگە چيقيب آلدى .
اودەسلەيدە اوزىنىڭ ريئاكسيونلىقىنى يو
شوردى . شونىڭ اوچون 1935 - يىلى
برينچى تووەتلىك اولكولوك خەلق وە كيللەر
قورولتايىنى چاقردى . شو يىلى آوغوست



آيىدە قنديغوي اويوشمەسىنى تشكيل قىلدى
هەم 9 - مهم وظيفەسىنى اعلان قىلدى .
1935 - يىلى آپريلدا 2 - نوۋەتلىك اول
كولوك خەلق وەكىللەر قورولتايىنى چاقر
دى . آرقاسىدىنلا 1936 - يىلى 6 تور
لىك سياسى يولىنى اعلان قىلدى .

شىڭ شى سەي تختكە چىققاندىن كيين 1933 -
يىلىدىن 1937 — يىلى سنتەبرگە قدر
شرقى تور كستاننىڭ مدنى معارف ، تو
رولوش جهتلەرى قسماً يولغا قويولوب ،
خەلققە بورونقىغا نسبتاً ياخشى ديگيدەك
حقوق ، ئەركىنلىك بيريليب كەلدى .
لكين شىڭ شى سەي اوز حاكميتىنى ياخ .
شى چيڭيتيب آلغاندىن كيين يعنى 1637
يىلى سنتەبردىن باشلاب وجودىدا ئەزەلدىن
بار بولغان وحشى برنقوچلوق سياستىنى
يورگوزوشكە باشلاب خەلقىمزنى يەنە نەچ
چە يوز يىللاردىن بيرى تارتيب كليواتـ
قان عذاب - عقوبت قويىنىغا آتتى .

شرقى تور كستاننىڭ مدنى معاريف ،
قورولوش اشلەرىنى كوچەيتيش اورنيغا
تورمەسىلىشقا كرشدى . « خائن » ،
« تشكيلات قوردى » سوزلەرى بىلەن خەلقى
مزنىڭ آلدىنقى قسلەرىنى باى ، سودىگر ، علماوە
آكلىق كشيلەرنى بولوپمو ضيالى ياشلار -
نى مكلاب آپريب تورمەلەرگە سالدى .
حتى يوقورى دەرىجىلىك اوقوغوچىلارنى
صنف بويىچە تونقون قىلدى . اولارنىڭ
باراق تعلوقاتلەرىنى تارتيب ايليب ، بالا
چاقا - آنا . آتالەرىنى « خائين توخوم -
لەرى » نامى بىلەن حقارەتلەب اويلەرىدىن
قوغلاب چقريب ، سورگون قىلدى ، وە
خانە وەيرانچىلقلارغا سالدى ، اوزلەرىنى
كشىلىك دونياسىدا تيخى كشف قىلنميغان
وحشى اصول وە ملك تورلوك عذابلار بىلەن عذابلاب
حلاك قىلدى . كيينكى تخميناً حسابقا
قاريغاندا : « خائن » نامى بىلەن شىڭ
شى سەينىڭ تورمىسىگە چوشكەن 80 مىڭ
آدامدىن فرق نەچچەمىڭ كشيمز يوق قىلن
غان ! اونو ئەدىن باشقا « خطاى تلى بل
مەيدو » ديگەن بهانە بىلەن مكتيفان يەر -
لىك خزمەتچيلەرنى ايدارىلەردىن ھەيداب
چقاردى .

1943 - يىلدىن باشلاب سەلمين -
جوپى يولىنى جارى قىليب . خلقمزنىڭ
اوستىگە تيخيمو چوڭ خوف توغدوردى .
امدى ظلومنىڭ اوستىگە ملى يوقولوش
شرائطىنى اشلەشكە كرشدى . مسل -
مانلارنى ; « اسلام دينىدىكى خطايلار »
دەب آتىدى . قسقا ايليب ايتقاندا شىڭ
شى سەي ملعوننىڭ كيينكى غالجىرلىقان
پازيتسيەسىنى بىلىش اوچون اونىڭ ( شىڭ
شى سەينىڭ ) مينگو 33 - يىلى ( 1944 -
يىلى ) 8 - آيدىكى ايلى ولايتيگە
ايوەتكەن 2603 - نومىرلىق بويرىقى
دەليل . او : « ئەل آرسىدىكى تصلداش
اوروغ ( خەنسو ملتيدىن باشقا ) خەلق -
لەردىن ايشانچلىك هەم ديندار آداملەرنىڭ
ايچىدە معلوماتلىقلارى بولسا ، توتوب
سولاڭلار ! ديگەن ايديم ، بو بويرققا
لى چوپچوك ، جاوجيو نيوەنجاڭ لار ايلى
ولايتىدىكى ديندار آداملەرنى بر عيب
قويماي سولاش نەس ، وەلەيكين اولارنىڭ
باللەرىنى تورلوك چارىلار بىلەن مكتەپ -
كە يەرگوزوب ، اوز معارفىمز بىلەن

تربیەلەب ، مزکور باللار امتحاندین اوتکەندین کین او باللارنی غیری بەرلەرگە پاکی اولکیمیزدە تیگیشلیک اورونلارغا اورناشتوروب خزمەتکە سالساق، اولارنینک مفکورەلرینی یغیب ایلشقا مەکین دەب جواب یازغان ایکەنسیزلەر ، بونی قبول کوردوم ، بونینک مضمونینی اوز بوشوروڭ طبعەلەریکیزگە معلوم قلیکزلەر ، شونینک بلەن عمل قلسونلەر. » ( جوشی شنک شی‌سەی ) دەب یازغان ایدی .

شنک شی‌سەی تیرورلق ، وەحشیلیک، قاشیسزلق ،انسانیەتسیزلیک ، قاتللیق ، قانخورلق اصوللرینی کشفی قلشدا دونیادیکی فاشیست کاللا کسەرلەردین اوستون اورونی ایگەلیگەنلیگی وە چونگو گومیندنگ حکومیتیگە شرقی تورکستان خلقینی ایزیب قول قلیب، بوی سوندوروب بیرشدا ، بایلق ، آشلق ، یەنکوزوب بیرشدا اونوملوک خزمەت قلغانلیغی اوچون اونی خطای مرکزی حکومتی تقدیرلەب خزمت اورنینی کوتەردی . اوە 1943 – یل 7 – 8 – آیلاردا مرکزی حکومت طرفیدین جونگو دیخقان – اورمانچلیق وە زارەتینینک نازری قلیب بەلگولیگەنلیگی ، اونینک اورنیغا « وو جون‌شین » نی رئیس قلغانلیغی اعلان قلندی . شوندین کین شنک شی‌سەی اوزی بلەن بللە آلتمش نەچچە اشینەگە آلتون ، کومش یسیب تورغونلیغان سوغا-سلاملار بلەن ایچکی خطایغا کەتتی . رەئسلیک « چونگ نضیلەتلک » ، « باشلیغان » ، « چیگرالوا-

یکیلەرنینک احوالیدین تولق خبردار « زاتنینک قولیغا اوتتی . دیمەک : « قارا اشت » اورنیغا « آلا اشت » یوتکەلدی. « اشتنینک قلیغی اشت » دیگەندەک وو جون‌شین ، شنک‌شی‌سەینینک سزیب قالدورغان یولینی برنەچچە برابر آشوروب اورونلاشقا باکی شنک‌شی‌سەینینک اونتوب قالغان وەحشیلیک اصوللرینی یکیدین کشف قلشقا کرشتی . اورەئیس بولوش بلەن اوزینینک وەحشیلیک اصولینی پەردەلەیچیدیگەن یلمب، خلقیمزنی آلداپ ، 1943 – یلی 10 – اینینک 10 – کونی سوزلیگەن سوزیدە : « ... بز حکومت خادمی بولغانلارنینک وظیفەسی : خلقنی خوش قلیش ، خلقنی حضورلاندوروش خلقنی یاخشی کوروندیغان قلیش ، شونینک بلەن بللە تیگیشلیک چارەلارنی کوروب ، خلقنینک کییش ، ییش ، یوروش ، توروش ، تورموش احتیاجلرینی قندوروشدور » دەب مبلق سوزلر بلەن ایفردا والافلاب، عمالیتدە تمام اونینک عکسینی جاری قلیب خلقیمزنینک اوستیدیکی عذاب ، عقوبت ، بلاآفتلارنی نەچچە برابر آشوردی . وو جون‌شیندین خلققە قلچە هم یاخشیلق تەگمیدی . خلقیمز اوستیدیکی ایغرچیلیق عددیدین ناشقری آشتی . دوام قلیواتقان قاماش چناش ، اولتوروش ، قرشتوزلو کسزلوج آلدی و خلقیمز اوستیدە عصرلاردین بیری دوام قلیب کیلیواتقان آلوان‌یاساق نهایتدە چیدەگوسیدی . خلقیمزنینک یازالمەب قوسیغیغا یاخشیراق تماق ، اوستیگە مادین بول ساهەپ زارانی برقەدر کییم کیمەس حاجەتی قاکەزلەری وە کییەلمیدی . آلون یساقنینک برلار کاتب آپوزوندا بیگەلە زموقلار غازی‌لاری . اونینک اوستیگە ایچکی جونگودین نەچچە میلیونلغان خطیلارنی کوچوروب کەلیشکە باشلیدی . مقاتونینک اوچون بزنینک



قی تورکستان خلقی زادی خطای ظالملریدین بزلرگە ، طاق یاخشیلق کەلمەیدیغانلیغینی اثباتلار بلەن دەلیلەپ : « شرقی تورکستاننینک اورتا عصر دینی وە فئودالی بارلغان اقتصادینی کونوروش ، قولچیلقنی یوقوتوش ، برابرچیلکنی اورنوتوش ، حقیقی خلقچلیقنی اورنوتوش ، حقیقی خلقچلیق سیاستینی یورگوزوش ، خلقلرنینک حرلیگینی قاءیم ایتیش وە خلقنینک تورموشینی یاخشیلاش اوچون . . » ( احمد افندیم سوزیلیدین ) ئەرکنلیک ، برابرلیک طلب قلیب خطای حاکمییتیگە قارشی بزایلی ، آلتای ، تارباغاتای خلقی قاباق ، توقماقلار بلەن قوراللنیب اوروش قلدوق عسکرلریمز دوشمن قولیدیکی حاضرقی زامان قوراللیرینی تارتیب الیب مکمل قوراللاندی . شونینک نتیجەسیدە 3 ولایتنی دوشمەندین تمام تازیلاپ عمومی یوزلوک غلبە اوچون کورەش باشلیغینیمزدا جانگ‌وییەنجانگ نینک : « چیگیرا اولکە خلقلریگە مختاریت بریمز » دیگەن وعدیسیگە بنا، مسئلەنی تنچلق یولی بلەن حل قلش اوچون صحبت اوتکوزوپ ، هر ایککی طرفنینک رضالیغی وە کفالت بیریشی بلەن تنچلق بیتم امضالینیب ، اولکولوک حکومت قایتیدین تشکیل قلندی . مرکزدین کیلیب کەلگەن گینرال جانگ جژجونگ : امدی اولکیدە « مستبد سیاست » ، « تیزیش سیاست » ، « مستملیکچیلک سیاست » ، « جهانگرلیک » نینک ابدی بولماسلیغیغا چوقوم اشنیمز ، دەپ وافیراپ صحنیگە چقتی . جانگ جژجونگ رئیس بولوپ ، موندای یومشاق سوزلر قلشقا باشلیدی . او : « بزلر اوتموشدیکی تاریخنی قاریغاندا شنگ‌جانگ دیکی قیربندشلار آرتوقچە تیزلگە بولوپ حەیدیدین ناشقیری ایغیرچیلیقلار تارتقان . بزلر اونکەن وافندیکی خنسولارنینک شنگ‌جانگ خلقیغە قاریتیپ یورگوزگەن تیزیش وە شوراش سیاستینینک خطالیغینی تونویمز »

دیگەن ایدی وە دائیم اولکیدە ابدی تنچلق خلقچیلق ماحکەملیغالقیغا وە اونی یورگوزوش اوچون کوچ چقوریدیغانلیغیغا کفالتلک بیریب خلقیمزنی تنچلاندورگەن ئیدی . بتیم امضالینیب اولکولوک حکومت قایتیدین قورولوپ ، جدی اشقا کرشکەندین بیری اوچ ولایەتدین باشقا جایلاردا بیتیمنی عملگە آشوروش حقیدە عملی حرکت بولمیدی . اولکولوک حکومتنینک رئیسی جانگ جژجونگ بیتیم ، تنچلق ، خلقچیلق دەپ وافیراپ تورغان بولسیمو ، اونینک قارمیقیدیکی حربی قوماندانلیق تشکیلاتی زونگ سیلیگینینک رهبرلیکیدە عکس انقلابچیلار اشلاپ یاتیپ ، حسابسز پوللارنی صرف قلیب ، تنچلیقنی ، خلقچلیقنی ، بتیمگە وە اوچ ولایتکە ، اوچ ولایت رەهبرلریگە قارشی کورەش ایلیپ باردی . مثلا : اونکدا . : سونگ زونگ لیننینک رهبرلیگی بلەن عبدالله داملا ، زەکی‌لرگە اوخشاش سیاسەتلەرنی اویوشتوروپ ، اولارنی دینی قورال قیلیب ، نەچچە میلیونلغان پوللارنی صرف قلیب تشکیل قلغان اوروچیدیکی : « اسلامنی حمایە قلش تشکیلاتی » دەلیل . آچکوز پول پەرەست وطن خائینی باتدیت عثماننی قوتورتوپ ، اونینک بیلیکیغا اوروش پەرەست مانجانگ دیگەن تونگانلارنی قوشوپ ، یاردم اوچون خطای قوشونلاردین بولوپ کوپ‌ساندا آدەم ، پول ئەوەتیپ ، التایدا قالایمقانچلیق توغدوروپ ، خلقنی ایغیر اوروش گرداپیغا سلیشی دەلیل . وطن خائینی ، ناموسسز منافیق خادیولانک ، جانیمقان ، سالیس ، زاکیرلارنی قوتورتوپ ، اویغورلار بلەن قازاقلار اوتتورسیغا اتفاقسیزلق سلیشقا اوروندوشلار دەلیل . بولاردین کیین 7 ولایتدە بولوۋاتقان جنوبدا بولوۋاتقان دەهشەتلیک احواللارنینک یوزبریشی

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



آقسودىن جوڭاڭ گاڭ وەخوسىجاڭلارنىڭ بول
باشچىلىغىدىكى توختامىش، زومەك، زوبەك،
روستەم، حسن شاڭجاڭلارنىڭ خائىنلەر
كىنى، ئەشقەدىن: صرفى بەگ-اجى، اه.
مەدبەگ، يارکەندىن: عبدالرشىد، قادىر
خانخواجه، خوتەندىن: نوربەگ، عبدالە.
جىد عم، كوچاردىن: داووت واڭ، سعد
اخىد قضات وەئەولدىن: يولواسلارنىڭ وە
شونىڭغا اوخشاش باشقا سىياسى خائىنلەرنى،
رېئاكسىئون كوچلەرنى قوتورتوپ، او-
يوشتوروپ حركەتكە سالىشى ارچوق دەلىل.
سالام اشلرىغا 7 ۋىلايەتدىكى مامورى اش
لارغا حربيلەرنىڭ آرىلىشىپ ايلشى، خلق -
بختلرينى اوق، پالىموتلارغا توتوشى، خلق
نى سياسى، اقتصادى، اجتماعى طرفدىن
ئېزىيوتىشى، آقسو، كوچار، آوات، شە-
يار، توقسون، يارکەند، قاراقاش، قار
غىلىق، پوسكام، كېرىيە، خوتەن وەباش
قالارىدە نشر قىلىنغان خلق گزيتلەرىنى هر
بى كوچ بىلەن يوق قلشى، حقيقتنى سوزلى
گەن گزيتلەرنى اوقيغانلارنىڭ وەحقيقتنى
سوزلىگەنلەرنىڭ تورمىلەردە عذاب تارتىپ.
تشى، ئوز آيىغىدىن حربيلەر واسطەسى بىلەن
اوغورلونوپ يوقاپ كېتىپ بېرىشلەرى دەلىل.
بىتمە بتون ئىدارىلەرگە ييزىلىدىغان علاقەلەر
ايككى تىلدا يورگوزولودو، دەپ عەلمدە آز
لداق بولماي، بتون اولكە بويىچە ئىدارىلەرگە:
"حكومەت ئىدارىلەردە ييزىلغان علاقىلەرنىڭ
دولتچەسى ئىنابەتلىك بولوپ، مسلمانچەسى
فقط قوشومچە اورنىدا يورگوزولىدۇ" دې
گەن بويرىغىنىڭ اوزى قايسى عكس الحركت.
چىلىك كەدەلىل ئەمەس؟ 1947 - يىلى 21 -
فبرالدىكى اوروەچىدە اوتكوزولگەن خلق
نامايشىنىڭ اولكىلىك حكومەتكە قويغان موا
فىق 55 ماددىلىق طلبىنى جوابسىز قالدورو
شى وەشونىڭدىن كېيىن حقوقلوق اورگانلار
نىڭ اويوشتوروشى بىلەن 25 - فېبرال كونى
حربيلەرنىڭ مولكى كيمەلرگە اوروپ،

اوچ ۋىلايەت وەكىللەرىگە قارشى بولوپ ماخ
مەد افندىگە سوءقصد قلشى اوچون بىرلەشكەن هجو
مى آسلىق دەلىل.
كوچاردىكى دېڭشەنجاڭ، جاڭجوجاڭ
يوتوەنجاڭ، داووت واڭلارنىڭ رەبرلىگىدە
اونمىڭلىغان خەقنى هورونباغ دىگەن يەر
گە قىلىقدىن فكر آلىمىزدەپ ييغىپ خلقنى
اوققا توتوپ، چىقارغان قانلىق واقعەسى دەلىل
ئەمەسمو؟ عبدالقادير حسننى آقسونىڭ ئېرو
خوى دىگەن حاكىمى ابلى اوغرىلەرىنىڭ ئەر
ربغى دەب ايچكىرىگە ئەكەتمەكچى بولوپ،
اوروەچىگە كەلگەندە اخمد افندى بىلەن آجرىتىپ
آلدى.
2 - آقسو والىسى جرڭ گاڭ مەنىڭ معا-
رف نظارتىنىڭ وەكىلى اذيەرنى يوقەتكەنلىگى
دەلىل ئەمەسمو؟ خلقدىن اولكىلىك حكومتكە
كېلىپ تۇرغان مكلاپ طلبلەرنىڭ اوروندالماي،
اونىڭ عكسىچە وەحشىلىك - قانلىلىق حركت
لەرنىڭ بوزبى يوتىشى دەلىل. 30. ايون
كېچىسىدىكى عبدالگولىنى توتوش بهانەسى بىلەن
قارالىق كىشىلەرنىڭ اولكىلىك ئويغور اويوش
مىغا بېسىپ كىرىپ اوق چىقىرىشى وەفاجىعەلىك
حادىثە تېرغىتوروپ، كتاب، ژورناللارنى
كويدوروپ، مدنى بناسىنى وەيران قلشى دەلىل
5 - مايدا اولكىلىك كېڭەش مجلى-
سى آچىمىز دەپ اولكىلىك حكومت اولكە بويى
چە كېڭەش اعضالرىنى چاقرىپ، اونى ايچ
چىشنىڭ ... كېڭەش اعضالرىنىڭ آرىسىغا
مەرخەل قويغا سېلىشى، وەاولارنىڭ حقوقىنى
چەكلەپ قويوپ، مجلىسنى آچىپ 2 آى
چوزوپ كېڭەش اعضالرىنى قايتۇرىشى دەلىل
اگر اولكىلىك حكومت تنچ وسياسى
پروگراما بويىچە او مجلىسنى آچسا، اول
كىلىك كېڭەش اعضالرى اولكىلىك حكومتنىڭ
پىلنىڭ سرتىدا يكى قلىنغان ئوسال مركتلرى
نىڭ سرىنى ايچوپ بېقىشدىن وەاولكىلىك حكو-
مەتنى تنچلىق بويىچە مىڭشى حقىقى فكرلەرنى



دىن قوققالىقى عكس الحركتچىلىككە يور
گوزەمەي قلىشىدىن قوققانلىقى ئەمەسمو؟
رەسمى تەشوىقات گروپپالرىنىڭ تەش-
كىل قلىنىپ، نورغونلىغان پول صرف قلىش
نەتيجەسىدە ئوچ ۋىلايەتكە قارشى قلىنىۋاتقان
تشوىقاتلارىغا قانتوھمەتلەر وەشوتوھمەتلەرنى
قويىنىغا آلغان «خلق آوازى» كتابچەسىنىڭ
نشر قلىنىشى، "دوئەرك" گزيتىنىڭ نشر
قلىنىشى وەاولارنىڭ توغرىدىن - توغرى مقيد
قتكەتجووزقلشى نىيەتىنىڭ دەلىلى؟ مەنابوعكس
الحركتنىڭ دەلىلى ئەمەسمو؟ . عمو
ما بو قارقىدەكى عكس الحركتچى. رېئاكسىي
ئون كوچلەرنىڭ علاقەسىدە حركتلىنىپ اولكە
احوالىنى يامان بر حالغا كەلتوروىتىشىنى
سوزلەپ كېلىشكە نىل، بيز شقا قلم عاجزلق
قليدو. بتم امضالىنىپ اولكىلىك حكومت قايتىدى
دىن قورولغاندىن بېرى اوچ ۋىلايەتدىن باشقا
يەتتە ۋىلايەت خلقى بتمدىن هېچ ئاتلىق منفعت
وەنتيجە كورگىنى يوق. عكسىچە شلتنى
سەي دەورىدىكى ظلم دىن نەچچەبرابر او
شوق ظلوم - عذاب كورمەكتە. حاضر 7 ۋى
لايەتدە وەحشىلىك، فاشىستلىق، جاسوسلق
تېررورلق، بولاڭچىلىق، پارىخورلوق، زور
لوق، عادالتسىزلىك، حقيقتسىزلىك وەباشقا
ميلىتورلوك ادەمنىڭ وجدانى عذاب بىلەن يىغان
تەڭسىزلىكلەر حكوم سورمەكتە.
مەنابو حاضرقى بتم، مەنابو حاضرقى اولكو
لكىك حكومتنىڭ خلققە بەرگەن "دە كەچچە
لىگى". مەنابولارچا بوجاتكنىڭ اتفاقلق
چىلق وەتنچلق سياستىگە توغرى كېلەمدو؟
بولارغا كيم جوابكار؟ عكس الحركتچىلىككى،
جاسوسلوقلارنى، خائنلارنى كيم دق
قليدو؟ يالاچىلارغا، سانقولارغا خائن
لارغا كيم چاراقورلىيدو وەجزا بېرىدو؟
البتە بو اشلارنى مركزى حكومتكە وە-
كىل بولوپ كەلگەن، اولكىدە خلقچىلق

وەئەر كنلىكىنى جارى قلشقا كفيل بولغان
جاڭ بوجاڭ اوروندايدو. مانا شونىڭغا قارى
ماي جاڭ جىجوڭ چەتكە چىقىپ ايلىپ، اول-
كىنىڭ رەئىسلىكىنى مسعودقا تاپشوروپ قوي-
يدى. امدى بو قارقى اشلارنىڭ عهدىسىد
بىن اوزىنىڭ پاشيسىنى قوروپالمايدىغان قور
چاق مسعود افندى چىقالايدو؟ مسعود افندى
اوزىنىڭ قلمى لەرىغا قاراپ، اولكىدە خلقچىلق،
تنچلق يورگوزوشكە كيچك بالىمو اشەنمە
يدو.
مسعود رەئيس بولغاندىن كېين اوروەچى
دېكى رېئاكسىئون كوچلەرىنىڭ فعالىيتى
مانا بونىڭ اثباتى دور. مسعود رەئيس بولوپ
بر آى ايچىدە اوروەچىنىڭ اوزىدىلا 30—
نەچچە آدم تېررورچىلارنىڭ خنجرى آستىدا
سوييلىشىنى نىمەبىنى كورسىتىدو؟ خليقچىللەر
گە، خلقچىل مطبوعاتلارغا،
مدنى اوجاقلارغا بولوواتقان هجوملار،
تېررورلوقلار، رېئاكسىئونلار يوشۇرولغان
پەردىلەرنى يىرتىپ چىقىپ آشكارە يوسو
ندا حركتكە اوتكەنلىگىنى كورسوتىدو.
دېمەك بو واقعەدە مسعود افندى رېئاكسىي-
ئونلارنىڭ رېجىسسورلىغىدا اوينوايدىغان
فاجىعەلىك تياترنىڭ ئەرتىسى ايكەنلىگى -
روشەن كورونوپ قالدى.
بتمنى هيچ كىم بزگە اوز-اوزىدىن
بەرگەن ئەمەس، بتم بوقتىمىقى مقدس انقىلا
بىمىزنىڭ بەدىلىگە، توككەن قېنىمىز بەدىلى
گە كەلدى. بز خلقچىلقنى ياقلايمىز، بز
عكس الحركتچى رېئاكسىئون كوچلەر بىلەن
ئەسىرلاردىن بېرى كورەشوپ كەلىۋاتىمىز.
خليقەمىز چوشەندىمما، دوست دوشمەننى آيىر
نيىپ آلالايدىغان بولدى. بز عكس الحرك-
تچىلەرنىڭدە كككوسىنى بېرىشدە هيچ قانداق

آرنقاجەکبنمەیمز، خلیف-چیلق سیاسیتی
بز نلك تیلیگەنتیایکیمز . پول، آبرو، اوچون
وطن . مللەت ، دینینی سیتب اوزخلقیگە
قانغیربنداشلەرغا ، دینقیربنداشلوریغا کوی
ەیدیغان یالغانخلقچی منافیقلارنك وە.
عموماتەریئاکسیئونلارنك دەککیسینی بەر
مەی قالمایمز .
بوقالسون وەطنمزدین ریئاکسئون کوچلر !

# واقتاحوالنی یاخشی تونوب چلیش بلەن ئالغا!

تەیروك

1 - عکس الحر کتچیلەر نك اولوم
آلدیدیکی جان تالینیشی .
نانکین حکومتی 4 -ایبول دولت ئ ئلار-
مجلیسیدە، عمومی سفر- برلیکنی قوز
غاب اچکی لوروشنی ایلیب بریش قرارینی
قبول قلدی . بونوگدین کینلا چاك کە
یشی ، چاكچون ، چیك چکلار آرتی . آرتید
ەدین «تو پولاکنی بیسش» حقیدە لطفلارسو
زلیدی .
مناشوقرارو شونطقلار یاپونیە تس-
لیم بولغاندئین کیینکی لایقا احوالنی رو
شەنلەشتوروب ، برقسما سیاسیونلارغاوە
اچکی اوروشقا ییتشسیزفکردە قاریغوچیلا
غاکیم اوروشنی قوزغو-غ ی ؟ تونو
توب ئونتی وەعکس الحر کتچ ،ر حقیقتا=
ئوروش پرست ایکەنلیگینی خالققە آشکا
رە قلیب ئونتی .
آمما ، ئیك آوال شونی بلیش کیرەك
کی ، اوروش قوزغالغیلی بریلدین ارشوق
واقت بولدی ، گومنداك - عکس الحر ک
تچیلەر نیمەسیبدین عمومی سفر بر لیکنی
اعلان قلمیغان ؟ برجملەسوز بلەن اتقاندا؛
عکس الحر کتچیلەرنیك عمومی سەفەربەر
لیك قوزغوشی ئولوم آلدیدیکی جان تالی
شیشی بولوب حیسابلیندو . عکس الحر ک
تچیلەر «سیاست بلەن حل قلیش» دیگەن سوز
لەرنی پەردە قلیب ، فسقاموددەت ایچیدە قو
رال کوچی بلان خطای خلیقینك خلقچیل
کوچینی یوقوتوشنی ئویلیغان بولسیمو،
لەیکین بریلدین ئوشوق واقتنك جەریانید
ەدا ، حربی اشلار اوستیدیکی مغلوبییتی،
سیاسی اشلار ئوستیدیکی یکیلیشی ، اقتصا
دی اشلار ئوستیدیکی بوهرانچیلیغی ئو
نوك اوستیگە خلقنك نارشی قوزغولاك کو
تو روشی ، عکس الحر کتچیلەرنك ئوزخاک
یمیتینی ساقلاب قلشقاچارەسز قالغانلیغینی
کورسەتکەنلیگیدین ، عکس الحر کتچیلەر
فاشیست تیررور لیغینی قوللونوب ، بو
تون خطای خەلقینی اچکی ئوروش میدانید
غا هایدیمەقچی بولوشدی . بو . بولسا ،
عمومی صفر بر لیکنك نیشانەسیدور .
گومنداك اخبارەت ئیدارەسی جوك-یاك
شە خبرلەریگە قاریغاندا ، اوهم خلقنك خلق-
چیل کوچینك کەك کولەمدە قایتارما هجوم
باشلیغانلیقیغا اقرار بولماقدا . مثلا=: غر
بی سەندو گدیکی هجوم ، نەجین پو کو
تومور یولینك شیمالیدیکی هجوم، بیپی
خەنکو تومور یولینك شیمالیدیکی هوجوم
گەنسو شرقیدیکی هوجوم ، دوگبینك سی
پیك کەیدیکی اوروشی ، چاكچون ، جیلنلا
رنك معاصریگە ایلینیشی خلقچیل کو
چینك 1947- یلی ایون، ایبول آیلار
دا قایتارما هجوم باشلاش دیگەن پلانی
اوزوانقندا عەملگەآشقانلیغینی کورسەتتی .



بو برچوك ئوز گوروش خلقچیل کوچنك
کورەش بلەن موشکیل کونلەردین ئو
توب ، غلبەیولی بلەن نیشانغا قاراب ماڭ
غانلیغینی ایفادەلیدی . بوفقطنصادیفی بولغاز-
ایش ئەمەس . بلکی اونوك مطلق شون
داق بولوشقا تیگیشلیك بولغان مناسبتلری
باردور .
برنچی گومنداك عکس الحر کتچیلەر کو
چینك کیمیب موشکیلیلگی ایفرلنیوا
تقانلیغیدین .
عکس الحر کتچیلەر بولتور ایون ایبدا
اوروش قوزغاب ، ئوستونلوکدە تورغان
85 آرمییە 1740000 عسکەری (بارلق
کوچینك 85 پرانسنتی)
بلەن خلقنك خلقچیل ئەرمیەسینك آساسلیق
کوچینی بر یولی یوقوتوب ، آندین عسکر
توپلاب سدچین سرتیدیکی خلقنك خلقچیل
کوچینی حل قلیب ، شونوك بلەن «بیرنم یل
ایچیدە خلقچیل کوچینك مسئلیسینی تولوق
حل قلیش» پلانینی قورغان ایدی . عکس ا
لحر کتچیلەرنك بختیگە قارشی ، خلقنك خلقچیل
کوچی فرونت توزوب اوروش قلمیدی . جاز
لق اوروش اصوالرینی قوللاندی ، آلغا باسدی ،
آرتقاچکیندی ، شەرتالاشمیدی ، آساسلق
کوچینو ساقلاب قالدی ، قارشی طرفنك کو
چینی یوقاتتی ، نوبابرغا کەلگەندە خلقنك
خلقچیل کوچی گومنداكنك اوروش ایلب
بیریش پلانینی تولوق تار مار قلیبلا قالماس
تین ، 39 بریگادسینی (بوروندیکی دیویزی-
یەئیدی) یوقاتتی ، اوزیننك مجبوریت آس
تیدا حرکتلینیشینی ، آساسلق حرکتلینیشکە
آرتقاچکنیشینی ترکشیشکە کوچوروب ، او
روش احوالینی آساسی بلەن اوزگەرتتی .
مانداشوای ایچیدە گومنداك 600 مك عس
کریدین آیرلدی . گومنداك آرمیەسی 17
شەرنی بسیب آلدی خلقنك خلقچیل کو
چی 15 شەرنی آزاد قلدی . دیکبرغا مللەتمز
دە خلقنك خلقچیل کوچی اساسلق حرکتلش
قاهیشیچە هجوم قلش وە مدافیعە قلیشنی قول
غا کەلتوردی . گومنداك آرمیەسینك 50
بریگادسینی یوقاتتی . بو ، گومنداکنك
خلقنك خلقچیل کوچیگە قارشی اشلیتوتقان
کوچینك توتدین برقسمی ایدی . غنوار
دا احوال تیخیمو باشقیچە بولدی . بو آیدا گو
میندانك 152510 عسکریدین آیرلدی . بو
سانك ایچیدە گومینداکنك 90590 عسکری
ئەسیر ایلنغان بولوب ، خلقنك خلقچیل کو
چی خطاینك اوروش تاریخیدا کورولمیگەن
حتی 2 . دونیا اوروشیدیمو آز یولوققان او
روش نەتیجەسیگە ایگەبولدی . بو آیدا خلق
نك خلقچیل کوچی 13 ناحیەلیك شەرنی
(بونك ایچیگە نولدین کتیب قایتا آزاد قلنغان
2 ناحیەلیك شەر کرمەیدو) آزاد قلدی .
گومینداك آرمیەسی 2 ناحیەلیك شەرنی
بسیب آلدی . شوسەبدین گومینداك آر
میەسی بویلقی فیورال مارت آپاریدا عمو.
می یوزلوك هجومینی یور گوزەلمەی لا قال
ماسدین ، بلکی بر موتچە فرونتلارنی بوش
قویوب بریب ، عسکر کوچینی برنەچچەوم
فرونتلارغا توپلیدی . شونوك نەتیجەسیدە
گومینداك آرمیەسی یەنتەنمو بیسب آلغان
بولسیمو ، آمما استراتیگیە احوالنی اوزگەر
تەلمیدی . خلقنك خلقچیل کوچی گومینداك
ارمیەسینك ایلك کوپ توپلانغان سەندوك ،
شمالی شەنشی 2 فرونتدا بوروند-قیدە کلا
هجوم یور گوزوب ، ترکشیش خرا کترلك
احوالدا توردی . مثلا= : داوینکوغا 6 قتیم
دولك پیگغا 3 قتم ، سی سو یگە 2 قتم ، تەی
نەنگە 2 قتم ، فی چینگغا 2 قتم ، چاك یا گغا 2
قتم کریب چقتی . شو برواقتدا خلقچیل بر-
لەشمیەنك مانجوریەدیکی آرمیەسی اولون
موددەت دەم آلغاندین کیین آساسلق حرکت
بلەن هجوم یور گوزوب ، شیمالی مانجوریە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دە ( دۇڭبېيدا ) سونگارلەر يالمەيدىنىڭ جەنۇبىـ
غا يەتتى . شەرقى مانجۇرىيەدە ئەندۇڭنىڭ
ئوچىدىن ئىككى قىسمىنى ئازاد قىلدى . غەربى
مانجۇرىيە ۋە شىمالى مانجۇرىيەدە زور ئونۇقلار
غالىبە بولدى . بو يالقىدىن ئىلىپ ئالغا
كەلگىنچە گومىنداڭ ئارمىيەسى ئومۇمەن 91
ئەمەلىلىك شەھەرنى ئىشغال قىلغان بولسا خەلقنىڭ
خەلقچىل ئارمىيەسى 153 ئەمەلىيلىك شەھەرنى
ئازاد قىلدى . بو ۋاقىتتا گومىنداڭ 400 مىڭ
ئەسكەرىدىن ئايرىلدى . ئىيولغا كەلگەندە
گومىنداڭ ئارمىيەسى ئومۇمى 97 بىرىگادىسى
دىن ئايرىلدى . ئولگەن ، يارىدار بولغان
ۋە ئەسىر چۈشكەن ئەسكەرلىرى 1,120,000 نەفەر
گە يەتتى . خەلقنىڭ خەلقچىل كۈچى 30 . ئى-
يۇنغىچە تورغون حەربى ئەسلىھەلەرگە يەنى
6160 زەمبىرەك ، 10,0 مىناميوت ، 30 000
پىلىموت ، 87 تانكا ۋە ئونوڭدىن باشقا نۇر
غۇن قوراللارنى ئولجا ئالدى . بو حەربى ئەسلى
ھەلەرنى گومىنداڭ ئارمىيەسىگە ئامېرىكا بەر-
گەن ئىدى .

حەربى ئىشلار ئوستىدىكى بو ئاۋاز گورۇش
ئەكس ئەلحەر كىتچىلەرنى نەۋەكى 3 قىيىنچىلىققا
بولوقتۇردى : بىرىسى - ئەسكەرلەرنى تولوقلاش
مەسئەلىسى (( ئىززور گىزىتىنىڭ ئىزدىمىگە
قارىغاندا ، گومىنداڭنىڭ 69 بىرىگادىسى
يوقالغان ۋاقىتتا ، شۇ بىرىگادىلاردىكى ئەسكەرلەرنىڭ
3 دىن بىرىنى يەنى 20 بىرىگادا تولوقلىدى
بو ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسى ئوزىنى - ئوزى مۇھا
فىزەت قىلىش ئومىدى ، يەرلىك نەسىلەر بولوپ ،
كوپ نەسى يېڭى ئىلىنغان ئەسكەرلەردۇر . ئاتا
مىش يېڭى ئالغان ئەسكەرلەر يالغۇزلا دە كو-
چىلاردا ياشلارنى ، سارايلاردا رىغبەتسىزسا
راي خىزمەتچىلىرىنى تۇتۇپلا قىلماسدىن ((
( بى پېگىدە ) بەلكى ، دە مەرجانلارغا ((
ئەسكەر ئېلىش تاختىلىرىنى دە چاپلاپ ، ئەسكەر
ئېلىپ ، خەلق كۆڭلىنى نەشۋىشكە سالدى ،
ياشلار ئائىلىلىرىدىن ئايرىلىپ قېچىشقا مەجبور
بولدى (( گوى-سوى )) ، ھەتتى دە زە
مەرلىك بو غاك (( يالغۇز ئولتوروپ يەللە مەسئول
بولوش دە چارىلىرىنى ئىزدەپ گوزوپ ، خەلقنى
ئىتنوسىز جەبرلىدى (( ( دوڭبېيدا ) مىشو
نىڭ ئوچون داگوڭ بالو گىزىتىنىڭ بويىچە ئېيتـ
قاندا ، ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار دە ئەزەلدە
ئەللىق تونىمىغان دېھقانلار (( دۇر . ئونىڭ
ئوستىگە ياپونىيەدىن ۋە ئامېرىكىنىڭ ياردىمىدىن
ئېرىشۈرۈپ ئالغان حەربى ئەسلىھەلەرنىڭ ئوندىن
بىرى ئالدى . ( شانگخەيدىكى خواشاڭ بالو گىزىـ
تىدىكى ئەلئارى ئەلسوئال ) ھەتتى كى دە ھازىر گومىـند
داڭ كورمىش كۈچىنىڭ يېرىمى يوقتۇلدى ((
شانگخەي ۋەجۇشى بالو گىزىتىدىن ) .

بەنەيرىسى - ئورۇش خىراجىتىنى ھازىر
لاشتۇر . پوليوق ، ئوروشنى ئىلىپ بېرىشـ
دىن چارەسىز قالدى . بىر يىلدىن كۆپ ۋاقىت
داۋام قىلغان ئىچكى ئوروش ، ياپونىيە تەسلىم بولـ
غاندىن كېيىن ساقلىنىپ تورغان سېرىق ئالتۇن
لارنى ، تاشقىرىغا پۇرۇت قىلىنغان پوللارنى
دوشمەن ( ياپون ) ، قورچاقلارنىڭ مال-مو
لوكلىرىنى ۋە ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن ئىشىپ
قالغان ماللارنى سەرف قىلىپ بولدى . ئىچكى
ئوروشنىڭ ئەھۋالىنىڭ جىددىيلىشىشى ،
پول - ئەلافەلەرنىڭ توسولوشى ۋە ئەسكەر
ئىلىشى ، ئاشلىق ئېلىشى ، باجنى كۆپەيتىشى
بولوپ ھەممە ئىككى سېنىش سىياسەتى سەۋەبىدىن
بولغان ئامېرىكا ماللىرىنىڭ سېتىلىشى يېزا
خوجالىقىنىڭ ۋەيران بولوشى تىربغولارنىڭ
ئاق قىلىشى ، زاۋودلارنىڭ يېپىلىشى ، ئاچار
چىلىقنىڭ كەڭ قانات يېيىشى ، ئاچار چىلىق ئاتە
لدىن كوچا يوللاردا ئولوش ئىشلىرىنىڭ موجود
بولوشى ، مال باھاسىنىڭ ئورلەپ كېتىشى ، ئىقتصا
دى بوھراننىڭ فاجىئەلىك خەرىطەسىنى مە
يدانغا كەلتوردى . گونىيلارنىڭ : ((تېرە
بولمىسە ، ژولۇنەدىن جېقىپدۇ ؟ )) دېگىنىدەك ،



ئىقتصادى بوھران باشلاندى . ئوروش خراجىـ
تى نەدىن قاندۇرۇلىدۇ ؟ يالغوز بولتورقى
بىر يىلدا قىلغان خراجەت : ئوتكەن 9 يىلدا
( 1937 — يىلدىن 1945 — يىلغىچە ) ئومو
مى قىلىنغان خراجىتنىڭ 2 يېرىم ھەسسىگە
توغرى كەلدى . بو يىل ئاز بولسادا 16 —
17 تىرىليارت دوللار كېتىدۇ دەپ بەلگولىدى .
بونوڭغا قارشى كىرىم بولسا ، يالغۇز
300 — مىليارت دوللار . بونوڭغا چىقىرىلـ
غان كاغەز پولنىڭ مىقدارىنى قوشوپ ئىيتقاندا ،
يىللىقى 600 مىليارت دوللار بولودو . يىللىق
نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سېيىپ ئېلىش ئوچون
ئىشلىتىپ چىققان ((ئىقتصادنى جىددى تورتۇپ باشقو
روش لايىھەسى)) ھېچ قانداق رول ئوينالمىدى .
((ئىقتصادنى ياخشىلاش لايىھەسى)) مۇ گېپەرە كەسبز
بولوپ كەتتى . ((شانگخەي دامى)) كەچكى گىز
يتى ھقارەتلەپ شونداق دىدى : ((بو لايىھە
لەرنى تو كروك قاچىسىغا تاشلاش كېرەك)) مالىيە
ۋەزىرى بوخوك چونگ ئىنشىچە ((ۋافىيت
ئونسە بولدى)) .

ئىيك ئاخرقى بىرى — جابلارنىڭ تىنچلىق
خراكتىرىدۇر . بىر يىلدىن ئوشوق ۋاقىتتىكى
فاكت گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئارتقى صي-
فى ، ئوزى ئوچون ھلاكەت گردابى ئىكە
نلىكىنى ، سىياستنىڭ چىركىنلىكى ، قاراڭغو
لىقى ، پاراخورلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ، ئاچار
چىلىق . خەلقنى مەجبۇرەن خوفكە باشلاپ كىـ
تىپ بارغانلىقى ، ھەتتى خەلقلەر قوراللىق قوز
غولوۋانقانلىقى ؛ بوقوزغولوش گومىنداڭ
ھاكمرانلىق قىلوۋانقان جايلارنى قاپلاۋانقان
لىقى ، بونوڭدىن باشقا ھەر - بىر جايلاردىكى
ئوروش تالاش ، ئىشتاشلاش ھەركەتلەر
ىنىڭ ئوج ئېلىۋانقانلىقىنى . . . گومىنداڭ
ئارمىيەسىنىڭ ئارتقى صفى پارتلاۋانقان يانا
رقاغ ئىكەنلىكىنى كورسەتمەكتە .

مانا بو ئاۋاج تورئوك قىيىنچىلىق گومىنداڭ
ئارمىيەسىنىڭ كوچىنى ئوپتى قاتتىق دە
ۋىشلەدە توسومەكتە . بو نوڭغا خەلقنىڭ خەلق
چىل كوچى طرەفدارىمو قارشىدۇر . ئامې
ريكا خەبەرىسى ((ئوسى-سىبېولانگ)) نىڭ خە
بېرىشىچە : ((خەلقنىڭ خەلقچىل كوچى ئارتىيزان
ئوروش تاكتىكاسىنى قوللانغانلىقىدىن ھەر-
بىر ئوروشتا ئادەم جەھەتتىن گومىنداڭغا قار
يغاندا 5 ھەسسە كەم . ئوروش ئوتوقلىرىغا ئېگە
بولوش ۋە ئەسكەرى قوۋۋەت تولوقلاش ئو
رناق ھېساب بىلەن گومىنداڭغا قارىغاندا
5 ھەسسە ئارتوق . ئونوڭ ئوستىگە غەزەپكە كەلگەن
خەلق ، خەلقچىل كوچكە قوشولغانلىقىدىن ،
خەلقنىڭ خەلقچىل كوچى باشلاپقى ۋاقىتلارغا
نىسبەتەن بىر يېرىم ھەسسە ئوستى)) 3 — مارت
شانگخەي دامى گەچكى گىزىتىدىن ) . شوپىروا
قىتتا خەلقنىڭ خەلقچىل ئارمىيەسى گومىن
داڭ ئارمىيەسىنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالغان
كوپ مقداردىكى قوراللىرى بىلەن ئوزى
قوراللاندى . بېرىلگەن پوللارغا ئاساسلىنىپ
ئىيتقاندا يالغوز ئوتكەن يىل دوڭبېيدىكى بىرنە
چچە ئوروشلاردا ئىگە بولغان قوراللار بىلەن
دېۋىزىيەنى قوراللاندوروش مومكىن . گو
مىنداڭ ئاخبارات ئىدارەسى : ھەسىچپەك
كەيدىكى ئوروشتا خەلقنىڭ خلقچىل ئار
مىيەسى ھەر - بىر سائەتتە زەمبىرەكدىن
100 مىڭ ئوق چىقاردى ؛ دېگەن خەبەرنى
تارقاتتى . شونداق قىلىپ خەلقنىڭ خەلقچىل
كوچى ئوسوپ ، فرونت ئوزوپ ، ئوروش
قىش دەرىجىگە يەتتى ۋە ئولار سىياسەتتە مو
كەمال خلقچىللىق سىستېما قوللانغانلىقىدىن
ھەر دەرىجىلىك ھقوقلوق ئودۇڭلارغا خە
لق طرەفىدىن سايلانغان كىشىلەر ئولتار

غالىلقدىن ، خەلىق بوخل حاكمىيتىنى چىن
قلبى بلەن سويوب وەحيمايە قليشقا كرىش
تى . انتصاددا يەر اصلاحاتىنى وە «حيساب
ايليش كورەش» لرىنى ايلب بارغانلقدىن
خەلقنىڭ تورموشى ياخشيلاندى ، اشلەب
چقريش بوقرى كوتوروالدى .شونوڭبلەن
عسكرى مەسەلە حل قلندى . مالىيەوە آرتقى
صفى گومنداڭ عكس الحر كنچيلرىنىڭ
آرتقى صفيكە ئوخشاش قيينچلققا بولوقمىد-
ى . بولوبموخاق ، ئولارنىڭ اوچون
ئو دوش قاواتقانلىقىنى ارچوق چوشەنگەن
لكدين ، اوُروشقا قاتنيشش رەغبەتىنى يو
قو رى كوتەردى . شوسەببلردىن آمريكا
نڭ برمخبرى : «اگر اوروش داوام قلىبوەر
سە خليقنىڭ خلقچيل كوچى اوسوب 4-
ملىون منتظيم عسكرقو رولوشدا شەك يوق»
دىدى . حقيقتدە ، بومبالىغە ئەمەسدور

ايككينچى: بتون خطاى خەلقىنىڭ اوبغو
ئوب ، مملكت ساتقوچيلارغا ،ايچكى او
روشقا ، حاكيم مطلقلققا قارشى كورەش بو
ليدا ماڭغانلقدىن ، 10 يللق ايچكى او
روش وە 8 يللق ياپونغا قارشى اوروش بتون
خلقنى ئويغوتوۋەتتى . شونوڭ اوچون خاق
قاندا قليكى آڭليشدا ياخشى بولغان امر
بويروقلارنى ، حيلەگەرلك سوزلەرنى
اوبدان آيريب آلالايدىغان بولدى . خلق
تجريبكار بولوب ، راست - يالغاننى ، گو-
ياناش بلەن آلتۇننى آيريغاندەك فرق قليا-
لايدىغان بولدى . شوسەببدين عكس الحر
كنچيلر نڭ «دولت فورولتايى» وەهد ومە
نى قايتيدين تەشكيل قليش» ئشلرى بلەن
خەلق ، گومنداڭ عكس الحر كنچيلەرى
زادى حقيقى يول تونمايدىغانلىقىنى ،
ئولارنىڭ مملكت سيتيش ، ايچكى اوروش
حاكم مطلقليق سياستى خطاى مملكە-
تىنى وەخلقنى مثلى كورولمىگەن عذاب
گدابيغا تاشليشينى ، اگر بوعذاب گردا
بيغا چوشمەس اوچون خلق اوزينىڭ كو
چيگە تاييني توروب كورەش قلماي مو
كين ئەمەسلىگينى ، بوبولدين باشقا

2. يول يوقلىقىنى تېخىمو آشكارە چوشە
ندى . شونوڭ اوچون مملكت ساتقو
چيلارغا ، ايچكى اوروش قوزغوغوچيلارغا،
حاكم موطلەقچيلەرگە قارشى خەلقچيلق
حركت بارغانسيرى ئيتەك يايماقدا ، كو
رەش نيشانى بارغانسيرى روشەنلەشمەكدە
مثلا : اوتكەن يل آخريدين بويانىڭ
باشلرىدا بتون خطاى مملكيتىنىڭ هر بر
شهرلريدىكى اوقوغوچيلارنىڭ حركتلرى
«آمريكا عسكرلرينىڭ وەحشيليكيگە قارشى»
مقصدنىڭ اوپچور سيىنى آيلانماقدا ايدى . بو
واقتدا اوحركتنىڭ اوز آراباغلينشى كام
ايدى . اوحركتلرگە قاتناشقوچيلار فقط
اوقوغوچيلاردىنلا عبارەت ايدى. بو يل ماى
آيدىكي اوقوغوچيلارنىڭ حركتلرى ترقى
قليب ، ايچكى اوروش جنايتچيلەريگە حاكم
موطلەقچيلەرگە قارشى خەلق خراكتر
ديكى حركتلرگە آيلاندى . 25-مايدا
تاس .س اگينتليقى توۋەندىكى خبرنى
بەردى .

«ماى آيدا شمالى خطاينىڭ هر برجايلريدا
كەڭ دايرەلىك ايش تاشلاش وەخەلق نما-
يشلرى پەيدا بولدى .بى پيڭ، تەنجين چيڭ
داۋ وەاونو گدين باشقا چوڭ شهرلردە منـ
حسلر بولومىدىن بوقورى بولومارنىڭ
اوقوغوچيلرى دەرس تاشلاش وەنمايشلارنى
ئوتگەزدى » .



دانگيندىكى ئوقوغوچيلار ـ سقچيلارنىڭ
ۋاندارميلارنىڭ خلقنى ئيزيشنى توختو-
توشنى طلب قليب ، چوڭ كەيشى گەمكتوب
بەردى وەنمايش اوتكەزدى . مكتوب بويچە
3 كون ايچيدە قناعتسز جواب چقساۋقو
غوچيلار تنچسيزلاق اصوالارنى قوللانما
قچى بولدى .

10- ئييون كونى عالى مكتب اوقوغو
چيلرى بيرلەشكەن حالدا دونياغا : «ايچكى
ئوروشنى توختوتوش ، خلقچياق ، حراكتنى
يورگوزوش» دەپ توۋليدى .

مانابو بيوك خلق خراكتردىكى حر
كت چاڭ كەيشىنى تنچ ئولتارغوزميدى .
ئو ، «جمعيت تنچليقىنى ساقلاشنىڭ واقتلىق
چارەلرينى» اعلان قلدى ، وەاوقوغوچيلارنى
حقارەتلەب فوق العادە تيرورچيلار وەـ بوقـ
ـقانلارنى اشليتيب ، دەرس تاشلاش حركت
لريگە قارشي تشكيلات تشكل قلدى . مانا
بونوڭدين عكس الحر كنچيلر ئوزلريگە
قارشى قاندا قليكى حركت بولسون ، ئو
لار خەلق ئوستيدين تورولوق حركت
يورگوزودىغانلىقىنى كورگيلى بولادوە
بوالبتە ئوروش احواليغا تاثير بەرمەي
مەمكن امەس .

اوچينچى : پوتون دونيا آساسى بلەن
آلغا باسقانلىقدىن ، مانا بوتوبندىكى 4 نقطە
دين كوروش مومكين .

1 ) . دونيا عكس الحر كنچيلەرنىڭ
كوچى سوويت فرونتيدا مغلوبيتكە اوچري-
غانلقدىن ، دونيا عكس الحر كنچيلەرنىڭ سوويت
وە دونيا خەلقچيل كوچىنى يوقوتوش پلانى
موغلوبيتكە اوچريدى ، اوتكەن يل بر
لەشكەن ملتلر تەشكيلاتىنىڭ آمريكادا اوت-
كوزولگەن كونفيرينسيەسى غلبە قازينب ،
دونيا تنچليقىنىڭ آساسىنى قوردى ، خصو
صە سوويتلەر اتفاقى وە كيللەر اوميگىنىڭ
عسكر ساليني كيمەيتش ديگەن تكليفى بلەن
دوشمەن امەس مەملكەتلەرنىڭ توپريغىدا ناشقى
دولتلارنىڭ عسكرى تورماسليق ديگەن مسـ
ئيلەلەر دونيا خلقىنىڭ برليك حمايەسيگە
ايگە بولدى . بونىڭغا انگليەوە آمريكا
وە كيللريمو قارشيليق قليشقا جرعت قلا-
ماي پرينسيپ جهتدين تصدق قلدى .حتى
ايك موشكيل بولغان تريست پورتى مسـ
ئيلەسى وە 5 مملكت بلەن تينچلق معا
هيدە توزەشەرمو برقرارغا كايشتى ،
«اينكار قليش حقوقيغا» انگليەوە آمير
كالارنىڭ قارشيلقى ، اولارنىڭ اويليغينيد-
ەك موافقيت قازينالميدى . بويىلقـى
موسكوا تاشقى ايشلار مينستـرلار كونفيرين
سيەسى ، انگليە وە آميريكانىڭ يالغاوە
پوتسدام كونفيرينسيەلرينىڭ قرارلرينى
تاشلاب قويوش مقصيدينى تار ـ مار
قلدى . گرمانيە خالقچلقنى ياخشيلاش
وە آوستراليە بلەن تنچلاق توختام توزوش
كە اوخشاش تورغون مسئيلەلەر برقرارغ
كرشدى . شونداق قايب گرمانيە مسـ-
ئيلەسى حل بولوشنىڭ آساسى قورولدى ،
دونيا تنچليقىنىڭ داوام قايشى زور كيفيلـ-
ەندورولدى .

2 ) . سوويتلەر تفاقى اوروشدين
كيين خاق اقتصادينى ياخشيلاشدا پارلاق
اوتوقلارغا ايگە بولدى ، سوويتلەر اتفاقى-
نىڭ بلدوريشيچە بولتورقى اشلەب چقريش

اشلوی آلدینقی بلغانسبتدا 28 پراتنست
آرتقان ، سوویتلەر انفاقی خەلق آرانچلق
وە دونیانڭ آلغا بسیشیدا مهم حرکتلەندور
گوچ کوچلور ، بوحر کتلەندور گوچ
کوچنڭ اوسوشی البتە دونیانڭ آلغا بیـ
سیشیغا تئثربەرمەی قالمایدور .

3 ) یاوروپا قورقلیغیدا سولچیلا-
لار بلەن خلقچیل کوچلەر اوسمەکدە،
بولتور یاوروپا قوروالیغیدیکی مەملیکتلر
سایلام اوتکوزگەندە سولچیلالار اوستونلوك
آلدی ، خصوصە شرقی یاوروپادیکی مملیـ
کتلر اوروشدین کیینگی 2 یلدین بو
یان خلقچیل اوچون بولغان موشکیل کو
رەشلەرنی اوتکوزوب ، ییڭی خلقچیلـق
حاکمیتینی قوردی وەاونی موستەحکەملیمەکـ
دە ، عمومی پەرەزلەرگە قاریغندا گر
مانیەبلەن آوستریەنڭ سولچیللاری اوروشدین
کیینکی سانغا نسبتان « آزیواغاندا 50
حصەآرتدی » فرانسیە ، ئیتالیە 2 مملیـ
کتدیکی کوم پارتیە ترقی نیپ ، شو
دولتلردیکی زور پارتیە بولوب قالدی ،
اوئیللاس وانعەسی وەانگلییە نڭ اشچیلار
پارتیەسینڭ بیوین نڭ ناشقي سانیگە
قارشی حرکتلری نهایت جدی دوام قلدی .
هەروافقتدایدا بولوپ تورغان اش تاشلاشـ
ر انگلیلیە وە آمیریکادیکی خلقچل کوچـ
منڭ اوسووانقانلیقینی کورسەتتی .

4 ) . آزییادیکی عاجیز ، اوشـ
ملتلارنڭ ملی آزادلق حرکتلرینڭ
ییڭی ترقیاتلری تارملنچیلەر سیقیمیدین
چقیب خلق آرا خلقچیل حرکتلربلەن
ی ، مثلا : هیندو نوزییەحلقیـ

نڭ گوللاندیەگە قارشی کورەشی ،
مالای خەلقینڭ ئەنگیلیەگە قار-
شي کورەشی بلەن آنئسلم
خلقینڭ مللی حرکتلری فرانسیەدیکی
خلقچیل حرکتلر بلەن برلەشدی ، شونڭ
بلەن بر قاتاردا کورەش استراتیگیەدا کو
تبـکا لربەو نهایت کوچلوك آلغا بلـ
ندی .

مانا بو احواللار دونیانڭ آلغا بیسش
نشانەسینی بەلگولایدی . دونیا آلغا باسماـ
ماندا، خطایمو آرقیدا قالشی ممکین ئەـ
مەس، خطای گومندانڭ عکس الحرکتـ
چیلری، خلق آرا عکس الحرکتچیلرنڭ
یاردیمیگە سویبولمەکدە، دونیا عکس الحر
کتچیلرینڭ یاردیمی بولمیسا، خطای عکس
الحرکتچیلری حرکت قلالمایتتی .

بوقورقی 3 سببنڭ موجودلغیدین
اوروش احوالینڭ اوزگەرگەن نەتیجەسی
بارلققا کەلدی، اوروش احوالینڭ اوز-
گوروشی باربولغانلقدین گومندانڭ عکس
الحرکتچیلرینڭ ایك آخرقی جان تالاشـ
شی بارلققا کەلەی ممکن ئەمەس ایدی،
شونڭ اوچون عکس الحرکتچیلر بونوت
خطای ملکتی بویبچە عمومی سفربیرـ
لکنی قوزغاب بتون خطای خلقینی ایك
آخرقی اوروش اوتیغا تونەاقچی بولدی .

آما بو اوچ ایلمینئمو اوز - اوزیـ
لیدن پەیدا بولمیدی، او، خلق بلەن خلقـ
قە قارشی، خلقچیلق بلەن خلقچیلقغا قار
شی اوخشاش بولمیغان کورەش داتیرەـ
سیدین موجود بولدی . شو سببلیك خطای
مملکتیدە ایککی اوخشاش بولمیغان احوا
لار توغولدی، برسی: خلققە، خلقچیلقغا
قارشی بولوب، اونڭ امیدی: قلقهیت



یورولیغینی یور گوزوب، کەڭ توردە خلق
نی قاماش، اولتوروش بولغانلقدین، او،خلقدین
آیریلیب یتیم حالیغا کەلدی . ینە برسی
خلق وە خلقچیلق اوچون بولوب، اونڭ
امیدی : خطای خەلقینی ایزیلش وە قوا-
لوق آسارەت ایلکیدین قوتولدوروش بول-
غانلقدین، او خلقنڭ یقندین خیری —
خواهلیغا ایگە بولدی . کورەشدە عجایب
اوتوقلار قازاندی ، موشکیل کونلردیـن
اوتوب، یوروق کونلرگە قاراب یوز توتـ
تی، خلقنڭ ایشینچینی موستەحکەملیدی .

شونڭ اوچون مەیلی عکس الحرکتـ
چیلر قنداقکی برتقوچلقنی قلب حکمـ
رانلق قلوانقان جایلاردیکی خلقنی اوروش
مەیدانیغا هەیدیسون، مەیلی آمیریکا جهان
گیرلیگی عکس الحرکتچیلرنڭ یاردیمیگە
ایگە بولسون، عمومی غەلبە خلقنڭ بو-
لیدو .

2 — غلبە یراق ئەمەس

ئەمدی عمومی سفربرلیك امیدینڭ
قانئت احوالی وە شرقی تورکستان بلەن
بولغان مناسبتنی بلش کیرەك . بومسئلە
لەرنی بلش اوچون تووەندیکی 2 مسئلە
نی بلیب الش توغری تیپلیدو .

1 - گومندانڭ عکس الحرکتچیـ
لرنڭ قوریش قورالرینی تاشلامدو ؟

بونی البتە عکس الحرکتچیلرنڭ
اوسوب بیتشکەن تاریخی مناسبتی بلەن کو
روب اوتوش لازیم . گومندانڭ عکس الحر
کتچیلرنڭ تاریخی بر قسم قانلق اچکی
اوروش تاریخیدور . عکس الحرکتچیـلر
اچکی اوروشدا ویتامین ایچیب سەمریـ
گەن . بعضی کشلرنڭ تزیەلرىغا قاریغنـ
دا ، 1910 — یلدین 1918 — یلغا

قدەر بولغان ململیداریسلارنڭ قالایمیقانلقی
واختیدا 11 قتم اچکی اوروش توغدور-
غان . گومندانڭ عکس الحرکتچیلری خطای
حاکمیتینی قولغا ایلب، تاکنگنی مـرکز
قلغاندین تارتیب، تاکی شی ئەن واقعە-
سیگیچە خلققە وە اوزیگە اوخشاش بولمیـ
غانلارغا قارشی ایلگیری — آخری 10
مرتیبە اوروش قوزغیدی . اولار شونڭ
اوچون ایچکی اوروشنی خواهلایدیکی، چونـ
کی اچکی اوروشدین زور فایدیلینیدو .
(1) اچکـی اوروش منـاسبتـی
بلەن خلقنی شورایدو ، ( 2 ) ، زایوم
تارقتیب ، زایومفایدیسینی یونودو ، (3)
ایك تانیدە بیریدیغان حربی کومپراـ
دور ( سودیگەرچیلیك ) قلشدور ، حاضر
یالغوزلا شونداق اصوللار بلەن فایدیـ
لینندین باشقا ، بو گنکی کوندە اقـ
تصاددا مانا پول .ەك تاشیرینی یور گزـ
مەکدە ، خلقنی قانغا تاشلیماقتدا .

ایچکریگە قاریتا ایچکی اوروش ،
تاشقریغا قاریتا مەلیکت ساتیدو . شونڭ
اوچون « 18 - سینتەبر » واقیعەسی
پەیدا بولغان واقتدا ، عکس الحرکتچیلر
بارلق کوچی بلەن جیاکشیدیکی خلقـ
چیل کوچنڭ آزاد قلغان رایونلریغا قا
ریتا اوچینچی تووەنلیك « اوراب یوقو-
توش » یور گزدی . وە اوز - اوزیدین
قوزغولوب ، یاپونغا قارشی اوروش ایلیب
بیریوانقان دوکیمدیکی آرمیەگە قارشلقـ
نی توختوشقا بویروق بەردی . 28 —
غیبنرار « اوروشیدا 19 آرمیا بینیم
قیلیپ یالغوز اوروش قلیوانقاندا ، او -

توگىغا بارىدەم قىلىپلا قالماستىن ، عكسىنـ-
چە عسكر ئەۋەتىب قوراللىرىنى تارتىۋالدى
وە خلقچىل كوچنىڭ آزاد قىلغان رايونىغا
قارىتا تورتىنچى نوۋەتلىك « اوراب بو-
قوتوش » بور گوزدى . بونىڭدا مغلو-
بىيتكە اوچراب . بەشنچى نوۋەتلىك « او-
راب بوقوتوش » نى يەنە بور گوزدى .
1934 - يلى ياپونيە شىمالى خطايىغا
اوزلوكسيز باستوروپ كىرىۋاتقاندا ، گو-
ميندانڭ عكس‌الحر كتچيلر ياپونيە بلەن
ناموسلۇق تانكو توختامىنى توزوشدى .
1935 - يلى باز واقتىدا ياپونيە بلەن
مشهور خەمى توختاميىنى توزوشوب ، شىم-
الى خطاينىڭ حقوقىنى ياپونغا تقديم قل-
دى . آمما 700 مىڭ عسكرىنى سفر
بەر قليب ، خلقچيل كوچينىڭ آزاد قىلغان
رايونيغا قارينا آلتىنچى نوۋەتلىك « اوراب
بوقوتوش » بور گوزدى . ياپونيە ماۋ
شونقطەنى يابىلاپ توروب ، خطاينى منقرض قلد-
يغان لوگوچاو واقعەسىنى توغدوروشقا
جرعت قلدى .

حازر موندان ئەمەسمو ؟ گوميندانڭ
عكس‌الحر كتچيلرى ايچكى اوروشنى ايليب
بيرش اوچون دولت حقوقىنى ايككى قول-
للاب آمريكا جهانگيرلىكيگە تقديم قلدى.
مثلا : توپراق حقوقى ( آمريكا عسـ-
كرلرى خطاي توپروغيدا تورالايدو ) ،
هوا حقوقى ( آمريكا آيروپلانلارى ئەركين
بورەلەيدو وە هوا آساسى بازلارنى آمير-
يكاغا بەردى ) ، دىگىز حقوقى ( آمير-
يكا پاراخودلر دىگىزلردە بورەلەيدو وە
پورتلارنى باز قىلىدو ) . سياسى حقوق
( ايچكى سياسى مسئلەلرنى آمريكا حل
قىلالايدو ) . حربى حقوق ( آمريكا حربي
مصلحتچيلرى خطاي عسكرلرىگە حكوم
قىلالايدو ) ، باج ، ايچكى دەريالاردا
يوروش حقوقى ( اجنبي دولتلەر پاراخودلرى
ايچكى دەريالاردا ئەركين يورەلەيدو ) ، بليق
حقوقى ( آمريكالار ياپون پاراخودلرى بلەن
خطاي دىگىز قرغاقلرىدا بليق توتوشنى
بەلگولەيدو ) . اقتصادي حقوق اوخشاش
حقوقلارنى آمريكاغا بەرگەن حالدا « 21
مادا » دين يامانراق « جوڭگو آمريكا
سودا توختامىنى » توزوشدى .

مونداق يوره كليك مملكت سيتش
خطاي مملكتيدە موندين ايلگرى فقط
كورولميگەن . مملكت اوغريسى يوەن
شى كەيمو مونداق قلغان ئەمەس .
يوەن شى كەي مملكت ساتقاندا يوره كليك
آشكارە قلميغان . حازرقى يوزسيز گو-
ميندانڭ عكس‌الحر كتچيلرى مملكت سيتش
« نتيجلرى » بلەن يوزينى بوياب ايليب
ناموس ديگەننى اونتودى . خصوصا بوزيگە
خلق قىنىنى سوركەپ آلغان چيك چاك
اجنبي مملكتلر قوراللرى بلەن اوزينڭ
قبريندا شلرينى قريب « اوروش اوتوغى »
دەب واقريشى البتە ناموسسيزلقدور .
بولميسا وجدانى بارلار بەايرىب باقسونچو؟

2 - شرقى توركستان ايچكى
اوروشنڭ سرتيدىمو ، يوقمو ؟ فاكت
بويچە جواب بەرگەندە ، يوق . چاڭ
كەيشى 6 - ئيول كونى راديو آر-
قىليق سوزليگەن سوزيدە اوچوق كور-
سەتتى . « دولت فوروش خزمتى ، دو-
لتنڭ اتفاق وە برليكيني آلدنقى شرط
قىليدو . . . . . . دولت اگر برليككە
كەلمەيسە ، بارلق دولت فوروش ايديئالى
بوشقا كيتيدو » ( 8 - ئيول خطاي-



